# جۇڭگو كومپارتىيىسى تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

مىللەتلەر نەشرىياتى

# جۇڭگو كومپارتىيسى تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە
تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: رەقىپ ۋاھاپ، م. ئىبلاخۇن،
ئەكبەر ھۇسېيىن، ئەركىنجان
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەكبەر ھۇسېيىن

مىللەتلەر نەشرىياتى

**中共党史大事年表**
中共中央党史研究室
（维吾尔文）
热合甫，马合苏木
艾克拜尔，梁秉恒 译
艾克拜尔 校订
民族出版社出版 新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米1/32 印张：13 1/8
1983年3月第1版
1983年8月北京第1次印刷
印数：0001—44,000 册 定价：0.47元
书号：M11049(4)19
（内部发行）

本书根据人民出版社1981年10月第1版北京第1次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاپ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى بېيجىڭ 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

# جۇڭگو كومپارتىيىسى تارىخىدىكى
# چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە
تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: رەقىپ ۋاھاپ، م. ئىبلاخۇن،
ئەكبەر ھۇسيىن، ئەركىنجان

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەكبەر ھۇسيىن

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1983 ـ يىل 3 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1983 ـ يىل 3 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.47 يۈەن
(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

# كىرىش سۆز

«جۇڭگو كومپارتىيىسى تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار يىلنامىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «يىلنامە» دەپ ئاتىلىدۇ) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش، شۇنداقلا كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» نى ئۆگىنىشىنى بەزى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش مەقسىدىدە تۈزۈلدى ۋە نەشر قىلىندى. كىتابخانىلار كەڭ كادىرلار ۋە ئامما بولغانلىقى ئۈچۈن، «يىلنامە» ئىخچام تۈزۈلۈپ، پەقەت پارتىيىنىڭ 60 يىللىق تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ۋەقەلەرلا بايان قىلىندى، پارتىيە تارىخىنىڭ تەرەققىيات كورۇنۇشىلا سۈرەتلەپ بېرىلدى.

يۇقۇرقى مەقسەت تەبىي يوسۇندىلا مۇنۇلارنى تەلەپ قىلىدۇ: (1) «يىلنامە»دە پارتىيە تارىخى سۆزلىنىدىغان ئادەتتىكى كونسپېكتلاردىكىدەك پەقەت دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 28 يىللا تونۇشتۇرۇلماستىن، ياكى دۆلىتىمىز قۇرۇلغان كېيىنكى دەسلەپكى 7 يىللا تونۇشتۇرۇلماستىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 60 يىللىق تارىخىنىڭ پۈتكۈل جەريانى تونۇشتۇرۇلۇشى كېرەك؛ (2) «يىلنامە»دە راست-يالغاننى ئايرىماي، ئىشنىڭ چوڭى بىلەن كىچىكىنى پەرقلەندۈرمەي، ھەممە ئىشنى قاتار تىزىپ قويماستىن، پارتىيە تارىخىدىكى



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

قايتا ـ قايتا تەكشۇرۇپ ئېنىقلانغان ئەڭ چوڭ ياكىتلار كۆرسىتىپ بېرىلىشى كېرەك؛ (3) «يىلنامە» بىر بىرىگە باغلانمايدىغان، كىشىلەر ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇلاردا ھېچقانداق تەسىر قالدۇرمايدىغان ۋەقەلەر تىزمىسى قىلىپ يېزىلماستىن، ئۇنىڭدا پارتىيە تارىخىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، يەنى بىرنىڭ ئارقىدىن بىرى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەككى، كىتابخانلار ئوقۇغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر تونۇيالىسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن، «يىلنامە» ۋاقىت تەرتىۋى بويىچە تۈزۈلدى ھەمدە ۋەقەلەر ۋە مەسىلىلەر مۇۋاپىق ھالدا مەركەزلەشتۈرۈپ بايان قىلىندى.

«يىلنامە»نى يېزىش خىزمىتىگە قاتناشقان بىرنەچچە 10 يولداشنىڭ كۆپچىلىكى پارتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن كۆپ يىل شۇغۇللانغان يولداشلار، شۇنداق بولسىمۇ بىزنىڭ نەزىرىيە، سىياسى سەۋىيىمىز بەرىبىر چەكلىك بولغاچقا، كەمچىلىك، خاتالىقلارنىڭ ۋە چالا بولۇپ قالغان جايلىرىنىڭ بولۇشىدىن خالى بولالمايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ «يىلنامە» ئاۋال ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلدۇ. تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ئاشكارا تارقىتىش ئۈچۈن، ئىنقىلاۋي پېشقەدەملىرىمىزنىڭ، پارتىيە تارىخى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارنىڭ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ بىزگە كۆپرەك پىكىر بېرىشىنى سەمىمى ئۈتۈنىمىز.

**ج ك پ مەركىزي كومىتېتى پارتىيە**
**تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى**

1981 ـ يىل 7 ـ ئاي

# مۇندەرىجە

1. پارتىيىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش
(1921 ـ يىل 7 ـ ئاي — 1927 ـ يىل 7 ـ ئاي) ............................ 1
2. ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش
(1927 ـ يىل 8 ـ ئاي — 1937 ـ يىل 7 ـ ئاي) ............................ 42
3. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش
(1937 ـ يىل 7 ـ ئاي — 1945 ـ يىل 8 ـ ئاي)............................ 106
4. ئۈچىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش
(1945 ـ يىل 8 ـ ئاي — 1949 ـ يىل 9 ـ ئاي)............................ 167
5. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانغان 7 يىل
(1949 ـ يىل 10 ـ ئاي — 1956 ـ يىل 12 ـ ئاي)............................ 206
6. سوتسىيالىزىم قۇرۇش ئومۇمىي يۈزلۈك باشلانغان 10 يىل
(1957 ـ يىل 1 ـ ئاي — 1966 ـ يىل 4 ـ ئاي)............................ 254
7. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى" ئېلىپ بېرىلغان 10 يىل
(1966 ـ يىل 5 ـ ئاي — 1976 ـ يىل 10 ـ ئاي)............................ 314
8. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دەۋرىنىڭ باشلىنىشى
(1976 ـ يىل 10 ـ ئاي — 1981 ـ يىل 7 ـ ئاي)............................ 373

# 1. پارتىيىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش

(1921 ـ يىل 7 ـ ئاي — 1927 ـ يىل 7 ـ ئاي)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1921 ـ يىلى قۇرۇلدى، ئۇ — ماركسىزىم ـ لېنىنىزىمنىڭ جۇڭگو ئىشچىلار ھەركىتى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى — جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ سىياسى ـ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى.

1840 ـ يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، دۇنيا كاپىتالىزىمى ۋە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزى ھەم زۇلمى ئاستىدا، جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتى پەيدىن ـ پەي يىمىرىلىپ، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلاندى. يېقىنقى زامان سانائىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن، بۇرژۇئازىيە ۋە پرولېتارىيات مەيدانغا كەلدى.

جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزى دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىغى ۋە مىللىتىمىزنىڭ ياشىشىغا تەھدىت سالدى، فېئودال ھوكۇمرانلار جاھانگىرلارنىڭ قويىنىغا كىرىپ، چىرىك، ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقنى يۈرگۈزدى، كەڭ خەلق ئىنتايىن نامرات ھالەتتە، قىلچە دېموكراتىك ھوقۇقى بولمىغان ھالدا تۇرمۇش كەچۈردى. جاھانگىرلىك بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، فېئوداللىزىم بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يېقىنقى زامان جۇڭگو جەمئىيە-

تىدىكى ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ قالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى بىرقانچە 10 يىل ئىچىدە، جۇڭگو خەلقى چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قارشى ئېگىلمەي-پۈكۈلمەي كۈرەش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كۈرەشلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگودا دېخانلار ئاممىسى — مىللى دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى، لېكىن ئىلغار سىنىپنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، ئۇلارنىڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. تارىخ يەنە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىپ، بۇ ئىنقىلاپنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىشتەك ئېغىر ۋەزىپە يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن پۇرولېتارىياتنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، جۇڭگونىڭ مىللى كاپىتالىستىك سانائىتى بىرقەدەر تېز راۋاجلاندى، ئىشچىلارنىڭ سانى ۋە ئىشچىلار كۈرىشىنىڭ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە راۋاجلاندى. جۇڭگو پۇرولېتارىياتنىڭ ئۇسۇپ زورىيىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن سىنىپىي ئاساس يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگونىڭ ئىلغار دېموكراتلىرى فېودالىزىمغا قارشى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى قوزغىدى. روسىيە ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىكى سول قانات زىيالىيلار ماركسىزىمنى قوبۇل قىلدى ۋە تەشۋىق قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ماركسىزىم جۇڭگودا تارقىلىشقا باشلىدى، بۇ ھال جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى.

1919 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، بېيجىڭدا ئوقۇغۇچىلار ئاممىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەت پارتلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن كېيىن، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى بۇ ھەرىكەتكە غايەت زور داغدۇغا بىلەن قاتناشتى، شاڭخەي، تاڭشەن، چاڭشىندىيەن، جيۇجياڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئىشچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن سىياسىي ئىش تاشلاش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى، تيەنجىن، تيەنجىن ـ پۇكۇ تۆمۈريولى قاتارلىق جايلاردىكى ئىشچىلارمۇ ئىش تاشلاشقا تەرەددۇت قىلدى. لى داجاۋ، چېن دۇشيۇ، ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي قاتارلىقلار ۋەكىللىك قىلىدىغان دەسلەپكى قەدەمدىكى كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە ئىنقىلاۋىي زىيالىيلار پۇرولېتارىياتنىڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئۇلار ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىپ ۋە تەشكىلىي خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ماركسىزمنى جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە باشلىدى.

1920 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، لى داجاۋ، چېن دۇشيۇ قاتارلىقلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشقا كىرىشتى. 3 ـ ئايدا، لېنىن رەھبەرلىكىدىكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسونال لى داجاۋ، چېن دۇشيۇ قاتارلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن جۇڭگوغا ۋەكىل ئەۋەتتى.

1920 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش يۈزىسىدىن، شاڭخەيدە تۇنجى كوممۇنىستىك گۇرۇپپا قۇرۇلدى. شۇ يىلى كۈزدىن 1921 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا، بېيجىڭ، ۋۇخەن، جىنەن، چاڭشا، گۇاڭجۇ

قاتارلىق جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن كوممۇنىستىك گۇرۇپپىلار① قۇرۇلدى، ياپونىيە ۋە فرانسىيەدىكى جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرى ۋە مۇھاجىرلىرى ئارىسىدىمۇ مۇشۇنداق گۇرۇپپىلار قۇرۇلدى.

## 1921 ـ يىل

7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 1 ـ قۇرۇلتىيى شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلدى②. قۇرۇلتايغا جايلاردىكى كوممۇنىستىك گۇرۇپپىلار③ سايلاپ بەرگەن 12 ۋەكىل قاتناشتى، ئۇلار: ماۋ زېدۇڭ، خې شۇخېڭ، دۇڭ بىۋۇ، چېن تەنچيۇ، ۋاڭ جىنمېي، دېڭ ئېنمىڭ، لى دا، لى خەنجۈن، جاڭ گوتاۋ، ليۇ رېنجىڭ، چېن گۇڭبو، جۇ فوخەيلەر ئىدى؛ قۇرۇلتايغا چېن دۇشيۇ تەيىنلىگەن ۋەكىل باۋ خۈيسېڭمۇ قاتناشتى④. ئۇلار

---

① بۇ تەشكىلاتلارنىڭ نامى بىردەك ئەمەس ئىدى، بەزىلىرى "كوممۇنىستىك پارتىيە" دەپ، بەزىلىرى "كوممۇنىستىك پارتىيە ياچېيكىسى" دەپ، بەزىلىرى "كوممۇنىستىك پارتىيە گۇرۇپپىسى" دەپ ئاتىلاتتى، لېكىن ھەممىسى كوممۇنىستىك گۇرۇپپا خاراكتېرىدىكى تەشكىلات ئىدى.

② قۇرۇلتاي ئاخىرقى بىر كۈنى جېجياڭ ئۆلكىسى جياشىڭ ناھىيىسىدىكى نەنخۇ كولىدە ئۆتكۈزۈلدى.

③ ئۇ چاغدا فرانسىيەدىكى كوممۇنىستىك گۇرۇپپا مەملىكىتىمىزدىكى تەشكىلاتلار بىلەن تېخى ئالاقە ئورناتمىغاچقا، قۇرۇلتايغا ۋەكىل ئەۋەتمىدى.

④ ليۇ رېنجىڭ بىرىنچى قېتىملىق بۈيۈك ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

مەملىكەت بويىچە 50 نەچچە پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىللىك قىلىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسونالنىڭ ۋەكىلى مالىنمۇ قۇرۇلتايغا قاتناشتى. قۇرۇلتاي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پۇروگىراممىسىنى ماقۇللىدى، پۇروگىراممىدا پارتىيىنىڭ پۇرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسى ئارقىلىق بۇرژۇئازىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى بىكار قىلىش، ئاخىردا سىنىپىي پەرقنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانى بەلگىلەندى. پارتىيە پۇروگىراممىسىدا يەنە دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەشكىلىي پىرىنسىپ ۋە پارتىيە ئىنتىزامى بەلگىلەندى. قۇرۇلتاي يەنە هازىرقى ئەمەلىي خىزمەت توغرىسىدا قارار ماقۇللاپ، ئىشچىلار سىنىپىنى تەشكىللەش، ئىشچىلار هەركىتىگە رەهبەرلىك قىلىشنى پارتىيە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەركىزىي ۋەزىپە قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، جۇڭگودا پۈتۈنلەي يېڭى شەكىلدىكى، كوممۇنىزمنى مەقسەت قىلغان، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى هەرىكەت قىبلىنامىسى قىلغان، بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار سىنىپى

---

كېيىن پارتىيىدىن ئايرىلىپ، تروتسكىچىلار تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ كەتتى، پۈتۈن مەملىكەت ئازات بولغاندىن كېيىن باياناتت ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ 1937 ـ يىلى تروتسكىچىلار تەشكىلاتىدىن ھەيدەلگەنلىكىنى ئېيتتى. چېن گۇڭبو 1922 ـ يىلى پارتىيىگە ئاسىيلىق قىلدى؛ جۇ فوخەي 1924 ـ يىلى پارتىيىگە ئاسىيلىق قىلىدى، 1927 ـ يىلىدىن كېيىن، بۇ ئىككىسى گومىنداڭدا مۇھىم ۋەزىپىدە بولدى ھەمدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ياپون جاھانگىرلىكگە تەسلىم بولۇپ ۋەتەن خائىنى بولۇپ كەتتى. باۋ خۇيسېڭ 1927 ـ يىلى پارتىيىدىن ئايرىلىدى، پۈتۈن مەملىكەت ئازات بولغاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەندە مەسلىھەتچى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولدى.

پارتىيىسى بارلىققا كەلدى. قۇرۇلتاي چېن دۇشيۇ، جاڭ گوتاۋ، لى دالاردىن تەركىپ تاپقان مەركىزىي بيۇرونى سايلىدى، چېن دۇشيۇ مەركىزىي بيۇرونىڭ شۇجىسى بولدى.

8-ئايدا، پارتىيىنىڭ ئىشچىلار ھەركىتىگە ئاشكارا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئورگىنى — جۇڭگو ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى شۇجىبۇسى شاڭخەيدە قۇرۇلدى.

10-ئاينىڭ 13-كۈنى، گۇاڭدۇڭ-خەنكۇ تۆمۈريولىنىڭ ۋۇچاڭ، چاڭشا ئۇچاستىكىلىرىدىكى ئىشچىلار ۋۇخەندىكى پارتىيە تەشكىلا-تىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش، تۆرمۈش تەمىناتىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلىپ ئىش تاشلىدى. 25-كۈنى، شاڭخەيدىكى ئەنگلىيە-ئامېرىكا تاماكا زاۋۇدىنىڭ ئىشچىلىرىدىن 9 مىڭدىن ئارتۇق كىشى جۇڭگو ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى شۇجىبۇسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، زاۋۇت دائىرىلىرىنىڭ ئىشچىلارنى سەۋەبسىز ئىشتىن بوشاتقانلىقى ۋە بوزەك قىلغانلىقىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئىش تاشلىدى. 11-ئايدا، لۇڭخەي تۆمۈريولىدا پاراۋۇز ئىشچىلىرى، 12-ئايدا، خەنكۇدا رىكشىكەشلەرمۇ ئىش تاشلىدى.

## 1922-يىل

1-ئايدا، شياڭگاڭ دېڭىزچىلىرىدىن 6 مىڭدىن ئارتۇق كىشى كاپىتالىستلارنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى تۇرۇش، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن ئىش تاشلىدى. كېيىن، ئىش تاشلاشقا قاتناشقان دېڭىزچىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ 23

ملك كىشىدىن ئېشىپ كەتتى. 3 - ئايدا، پۈتۈن شياڭگاڭ ئىشچىلىرى بىرلىشىپ ئومۇمى ئىش تاشلىدى، بۇ ئىش تاشلاشقا 100 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، چاڭجياڭ كېمىچىلىرى، شاڭخەي پوچتا ئىشچىلىرى، شاڭخەي ياپونىيە يىپ ئىگىرىش زاۋۇدىنىڭ ئىشچىلىرى، خەنياڭ پولات زاۋۇدى ئىشچىلىرى ۋە بېيجىڭ - خەنكۇ، گۇاڭدۇڭ - خەنكۇ، بېيجىڭ - فېڭتيەن، بېيجىڭ - سۈييۈەن، جېڭدىڭ - تەييۈەن تۆمۈريوللىرىنىڭ ئىشچىلىرىمۇ كومپارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە تۈرتكە بولۇشى ئارقىسىدا، ئارقا - ئارقىدىن ئىش تاشلىدى، بۇ ئىش تاشلاشلارنىڭ كۆپىنچىسى غەلىبە قىلدى. 9 - ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى خۇنەن رايونىدىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماۋ زېدۇڭ، لى لىسەن، ليۇ شاۋچى قاتارلىقلارنىڭ جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىشى ئارقىسىدا، ئەنيۈەن تۆمۈريول - كان ئىشچىلىرىدىن 17 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىش تاشلاپ غەلىبە قىلىپ، ئەنيۈەن تۆمۈريول - كان ئىشچىلار كۇلۇبىنى مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى. 10 - ، 11 - ئايلاردا كەيلۈەن كومۇر كېنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى چىنخۇاڭداۋ چىشىن سىمونت شىركىتىنىڭ ئىشچىلىرىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇش ۋە تەمىناتنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىش تاشلىدى، بۇ ئىش تاشلاش ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ۋە ئەكسىيەتچى مىلىتارىستلار تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. كاپىتالىستلار ئىش ھەققىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆستۈرۈشنى ماقۇل كورۇشكە مەجبۇر بولدى. 1922 - يىلى 1 - ئايدىن 1923 - يىلى 2 - ئايغىچە بولغان بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە، مەملىكەت بويىچە ئىش تاشلاش

كۆرىشى جەمى 100 نەچچە قېتىمغا، ئىش تاشلاشقا قاتناشقان ئادەم سانى 300 نەچچە مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق دولقۇنى ۋۇجۇتقا كەلدى.

5 ـ ئايدا، جۇڭگو ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى شۇجىبۇسىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن، 1 ـ نوۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەمگەكچىلەر قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە رەھبەرلىگىدىكى سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيى ئارقا ـ ئارقىدىن گۋاڭجۇدا چاقىرىلدى، بۇ ئىككى قۇرۇلتاي پارتىيە ئوتتۇرىغا قويغان "جاھانگىرلىكنى يوقىتىش"، "مىلىتارىستلارنى يوقىتىش"تىن ئىبارەت سىياسى شوئارلارنى قوبۇل قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى تەشەببۇسى»نى ئېلان قىلىپ، خەلقارا جاھانگىرلىك بىلەن فېودال مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمى جۇڭگونىڭ بېشىغا كەلگەن ئىچكى ـ تاشقى بالانىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا خەلق چېكىۋاتقان ئازاپنىڭ مەنبەسى، ئىنقىلاۋىي ۋاستە ئارقىلىق، كۈچلۈك جاھانگىر دولەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى تۈرلۈك ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىش، مىلىتارىستلارنى تازىلاش، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم، دەپ كورسەتتى. دېموكراتىك بىرلەشمە سەپ قۇرۇپ، كۈچلۈك جاھانگىر دولەتلەرنىڭ ۋە فېودال مىلىتارىستلارنىڭ قوش زۇلمىغا ئورتاق قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 2 ـ قۇرۇلتىيى شاڭخەيدە ئوتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 195 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىل بولۇپ 12 ۋەكىل قاتناشتى.

قۇرۇلتاي لېنىننىڭ مىللى مەسىلە، مۇستەملىكە مەسىلىسى توغرد-

سىدىكى نەزىرىيىسىگە ۋە پارتىيىنىڭ ئۆزى قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي مەسىلىسى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشىگە ئاساسەن خىتاپنامە ئېلان قىلدى. خىتاپنامىدە خەلقارا ۋەزىيەت ۋە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىك، يېرىم فېودالىق خاراك-تېرى تەھلىل قىلىندى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خاراكتېرى، ئوبيېكتى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى شەرھلەندى، پارتىيىنىڭ ئەڭ تۆۋەن پروگراممىسى ۋە ئەڭ يۇقۇرى پروگراممىسى بەلگىلەندى: پارتىيىنىڭ ئەڭ تۆۋەن پروگراممىسى يەنى پارتىيىنىڭ دېموكرا-راتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىدىكى پروگراممىسى—ئىچكى قالايمىقانچى-لىقنى تۈگىتىپ، مىلىتارىستلارنى يوقىتىپ، ئىچكى تىنچلىقنى ئورنى-تىش، خەلقارا جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭگونى بىرلىككە كەلگەن ھەقىقى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش؛ ئۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرت-شارائىت يارىتىپ، پارتىيىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پروگراممىسىنى يەنى ئىشچى-دېھقانلار دىكتاتۇرىلىقىدىكى سىياسىنى ئورنىتىپ، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىپ، پەيدىن-پەي كوممۇنىزىم جەمئىيىتىگە ئۆتۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. پارتىيىنىڭ 2-قۇرۇلتىيى جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزمغا ئۈزۈل-كېسىل قارشى تۇرىدىغان دېموكراتىك ئىنقىلاپ پروگراممىسىنى تۇنجى قېتىم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەل-قىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشى ئۈچۈن ئېنىق يونىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

قۇرۇلتاي يەنە «"دېموكراتىك بىرلەشمە سەپ" توغرىسىدىكى قارار»، «ئۈچىنچى ئىنتېرناتسونالغا كىرىش توغرىسىدىكى قارار»نى

ماقۇللىدى. قۇرۇلتاي مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى، چېن دۇشيۇ كومىتېتنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

8 - ئايدا، گۇاڭدۇڭ مىلىتارىستى چېن جيۇڭمىڭ توپىلاڭ قوزغىغانلىقى① سەۋەبىدىن، سۇن جۇڭشەن گۇاڭجۇدىن شاڭخەيگە كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىل ئەۋەتىپ گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ھەمكارلىقى مەسىلىسى توغرىسىدا سۇن جۇڭشەن بىلەن كۆپ قېتىم مەسلىھەتلەشتى. شۇ ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى خاڭجۇنىڭ شىخۇ كۆلىدە پەۋقۇلئاددە يىغىن ئۆتكۈزدى. مالىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ دېموكراتىك بىرلەشمە سەپىنى قۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ شەخسى سالاھىيەت بىلەن گومىنداڭغا كىرىشى توغرىسىدىكى تەكلىۋىنى يەتكۈزدى. بۇ قېتىمقى يىغىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ، مۇناسىپ قارار ماقۇللىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر پەقەت گومىنداڭ بىلەن دېموكراتىك ئىنقىلاپ بىرلەشمە سېپى قۇرۇشنىلا ماقۇل كۆردى، گومىنداڭ تەشكىلاتىغا كىرىشتىن بەكمۇ شۈبھىلەندى. شۇ سەۋەپتىن، بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، بىرنەچچىلا كوممۇنىست گومىنداڭغا كىردى.

① 1921 - يىل 5 - ئايدا، سۇن جۇڭشەن گۇاڭجۇدا جۇڭخۇا مىنگونىڭ پەۋقۇلئاددە دازۇڭتۇڭى بولدى. 1922 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مىلىتارىست چېن جيۇڭمىڭ سۇن جۇڭشەنىنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلماقچى بولغانلىقىغا قارشى چىقىپ ئاشكارا توپىلاڭ قوزغىدى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com